# يېڭى دەۋردە پۈتۈن ئاپتونوم رايوننىڭ پارتىيە قۇرۇلۇشى سۈپىتى ۋە سەۋىيەسىنى ئومۇميۈزلۈك ئۆستۈرۈپ، ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىكنى ئىشقا ئاشۇرۇشنى كۈچلۈك كاپالەت بىلەن تەمىنلەش كېرەك

(بېشى 1 ـ بەتتە)

ئىككىنچىدىن، پارتىيەنىڭ يېڭىلىق يارىتىش نەزەرىيەسى بىلەن قوراللىنىشنى سىجىل چوڭقۇرلاشتۇرۇش كېرەك. شى جىنپىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسى ۋە پارتىيە 19 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 5 ـ ئومۇمىي يىغىنى، 3 ـ قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىنىڭ روھىنى ئۆگىنىش، لېكسىيە سۆزلەش، تەربىيەلەش، تەشۋىق قىلىش، ئومۇملاشتۇرۇش، تەتقىق ـ مۇھاكىمە قىلىش قاتارلىق پائالىيەتلەرنى دائىملىق قانات يايدۇرۇپ، ئۆگىنىپ ئىگىلەش، پۇختا ئۆزلەشتۈرۈش، ئەمەلىي ئىشلەشكە كۈچەپ، ئۇنى كاللىنى قوراللاندۇرۇش، ئەمەلىيەتكە يېتەكچىلىك قىلىش، خىزمەتلەرگە تۈرتكە بولۇشتا ھەقىقىي قوللىنىش كېرەك.

ئۈچىنچىدىن، پارتىيە تارىخىنى ئۆگىنىش تەربىيەسىنى چوڭقۇر، پۇختا قانات يايدۇرۇش كېرەك. باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ پارتىيە تارىخى توغرىسىدىكى مۇھىم بايانلىرىنى چوڭقۇر ئۆگىنىپ، ئۆزلەشتۈرۈپ، پارتىيە تارىخىنى ئۆگىنىشنى يېڭى جۇڭگو تارىخى، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش تارىخى، سوتسىيالىزمنىڭ تەرەققىيات تارىخىنى ئۆگىنىش بىلەن تۇتاشتۇرۇشتا چىڭ تۇرۇپ، پارتىيە تارىخىنى ئۆگىنىش، ئىدىيەنى ئۆزلەشتۈرۈش، ئەمەلىي ئىش قىلىش، يېڭى ۋەزىيەت يارىتىشنى گەۋدىلەندۈرۈپ، تارىخنى ئۆگىنىپ داۋلىنى بىلىش، تارىخنى ئۆگىنىپ ئىشەنچنى ئاشۇرۇش، تارىخنى ئۆگىنىپ ئەخلاقنى ئۇلۇغلاش، تارىخنى ئۆگىنىپ ئەمەلىيەتتە كۆرسىتىشنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، يېڭى تارىخىي سەھىپىنى داۋاملاشتۇرۇپ ياخشى پۈتۈش كېرەك.

تۆتىنچىدىن، كۈچەپ پارتىيە قۇرۇلغانلىقىنىڭ 100 يىللىقىنى تەبرىكلەش قويۇق كەيپىياتى بەرپا قىلىش كېرەك. پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ بىرتۇتاش ئورۇنلاشتۇرمىسى بويىچە، تۈرلۈك خىزمەتلەرنى يۇقىرى ئۆلچەمدە، يۇقىرى سۈپەتتە ياخشى ئىشلەپ، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى ياخشى، سوتسىيالىزم ياخشى، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ياخشى، ئۇلۇغ ۋەتەن ياخشى، ھەر مىللەت خەلق ياخشى دەيدىغان قويۇق كەيپىيات بەرپا قىلىپ، ھەر مىللەت كادىرلار، ئاممىنىڭ «14 ـ بەش يىل»دا جاسارەت بىلەن كۆرەش قىلىش، يېڭى مۇساپىدە جاسارەت بىلەن ئىلگىرىلەش، شىنجاڭ خىزمىتىدە جاسارەت بىلەن يېڭى ۋەزىيەت يارىتىشتىكى قۇدرەتلىك كۈچىنى مۇجەسسەملەش كېرەك.

بەشىنچىدىن، كادىرلار، ئىختىساسلىقلار قوشۇنى قۇرۇلۇشىنى ھەقىقىي كۈچەيتىش كېرەك. ياخشى كادىر ئۆلچىمى ۋە مىللىي رايونلاردىكى كادىرلارنىڭ سىياسىي ئۆلچىمىدە چىڭ تۇرۇپ، كادىرلارنىڭ سىياسىي ساپاسىنى دائىملىق پەرقلەندۈرۈپ، كادىرلارنى يېتىشتۈرۈش، تەربىيەلەش سالمىقىنى زورايتىپ، رىغبەتلەندۈرۈش ۋە قوغداش مېخانىزمىنى ئورنىتىپ ۋە تاكامۇللاشتۇرۇپ، ئىختىساسلىقلار خىزمىتى سىستېمىسىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، سادىق، پاك، مەسئۇلىيەتچان يۇقىرى ساپالىق كادىرلار قوشۇنى قۇرۇش كېرەك.

ئالتىنچىدىن، بوشاشماي كۆرەش قىلىپ، ئاساسىي قاتلام پارتىيە تەشكىلاتلىرى قۇرۇلۇشىنى ياخشى تۇتۇش كېرەك. تەشكىللەش كۈچىنى ئۆستۈرۈشنى مۇھىم نۇقتا قىلىپ، ئاجىز، چېچىلاڭغۇ ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتلىرىنى سىجىل تەرتىپكە سېلىپ، كەنت (مەھەللە) كادىرلىرىنى تەربىيەلەش سالمىقىنى زورايتىپ، تەرەققىي قىلدۇرۇلىدىغان پارتىيە ئەزالىرىنىڭ سۈپىتىنى ئۆستۈرۈپ، ھەقىقىي تۈردە ئاساسىي قاتلام پارتىيە تەشكىلاتلىرىنى كۈچلۈك جەڭگىۋار قورغان قىلىپ قۇرۇپ چىقىش كېرەك.

يەتتىنچىدىن، قەتئىي تەۋرەنمەي پارتىيە ئىستىلى، پاكلىق قۇرۇلۇشىنى ۋە چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش كېرەك. ئالاھىدە ئىمتىياز بولماسلىق ئىدىيەسىنى مۇستەھكەم تۇرغۇزۇپ، بىر قولدا بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشىنى تۇتۇش، بىر قولدا پارتىيە ئىستىلى، پاكلىق قۇرۇلۇشىنى ۋە چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشىنى تۇتۇشتا چىڭ تۇرۇپ، «تۆت خاھىش»نى قىلچە بوشاشماي تۈزىتىپ، شەكىلۋازلىق، بيۇروكراتلىقنىڭ پەيدا بولۇش، يامراشنىڭ قەتئىي ئالدىنى ئېلىپ، دېلو ئارقىلىق تۈزىتىشنى ئىلگىرى سۈرۈش خىزمىتىنى پۇختا قانات يايدۇرۇپ، نۆۋەت ئالماشتۇرۇش خىزمىتى ئىنتىزامىنى چىڭىتىپ، ئىستىل دۇرۇس، كەيپىيات توغرا بولغان سىياسىي ئېكولوگىيە بەرپا قىلىش كېرەك.

سەككىزىنچىدىن، پارتىيەنى ئومۇميۈزلۈك قاتتىق ئىدارە قىلىش مەسئۇلىيىتىنى قەتئىي ئەمەلىيلەشتۈرۈش كېرەك. مەسئۇلىيەتنى زىممىگە ئېلىش، مەسئۇلىيەتنى تولۇق ئادا قىلىش، مەسئۇلىيەت ئالدىدا جاۋابكار بولۇشنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، دەرىجىمۇدەرىجە تۇتۇپ، قاتلاممۇقاتلام ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى تۇتۇپ، پارتىيەنى ئومۇميۈزلۈك قاتتىق ئىدارە قىلىشنى ئىزچىل داۋاملاشتۇرۇشقا تۈرتكە بولۇش كېرەك. پارتىيە كومىتېتى (پارتىيە گۇرۇپپىسى) شۇجىلىرى بىرىنچى جاۋابكارلىق مەسئۇلىيىتىنى ياخشى ئادا قىلىشى، بەنزە ئەزالىرى «بىر ئىش ئورنى، قوش مەسئۇلىيەت»نى ئەستايىدىل ئادا قىلىشى كېرەك؛ ھەر دەرىجىلىك پارتىيە قۇرۇلۇشى خىزمىتى رەھبەرلىك گۇرۇپپىلىرى ۋە ئەزا ئورۇنلار پۈتۈن گەۋدە بويىچە پىلانلاش، تەشكىللەپ يولغا قويۇشنى كۈچەيتىپ، پارتىيە قۇرۇلۇشى خىزمىتىنىڭ سۈپىتى ۋە سەۋىيەسىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈشى كېرەك.

ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى پارتىيە قۇرۇلۇشى خىزمىتى رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىنىڭ ئەزالىرى يىغىنغا قاتناشتى.

### ئۈرۈمچى شەھىرى پارتىيە تارىخىنى ئۆگىنىش تەربىيەسى سەپەرۋەرلىك يىغىنى ئاچتى

# پارتىيە تارىخىنى ئۆگىنىش، ئىدىيەنى ئۆزلەشتۈرۈش، ئەمەلىي ئىش قىلىش، يېڭى ۋەزىيەت يارىتىشقا پۇختا تۈرتكە بولۇش كېرەك

ئىختىيارىي مۇخبىرلار سۇ جۈنيا، گەي يۈ خەۋەر قىلىدۇ: 2 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى، ئۈرۈمچى شەھىرى پارتىيە تارىخىنى ئۆگىنىش تەربىيەسى سەپەرۋەرلىك يىغىنى ئېچىپ، باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ پارتىيە تارىخىنى ئۆگىنىش تەربىيەسى سەپەرۋەرلىك يىغىنىدا قىلغان مۇھىم سۆزىنىڭ روھىنى ئۆگەندى، ئىزچىللاشتۇردى، ئاپتونوم رايوننىڭ پارتىيە تارىخىنى ئۆگىنىش تەربىيەسى سەپەرۋەرلىك يىغىنىنىڭ ئورۇنلاشتۇرما ـ تەلىپى بويىچە، ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ پارتىيە تارىخىنى ئۆگىنىش تەربىيەسى خىزمىتىنى ئورۇنلاشتۇردى، ئورۇنلاشتۇرما قىلدى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، ئۈرۈمچى شەھەرلىك پارتىيە كومىتېتىنىڭ شۇجىسى شۆ خېيرۇڭ يىغىنغا قاتناشتى ھەم سۆز قىلدى.

يىغىندا مۇنداق تەكىتلەندى: قەتئىي، كەسكىن ھالدا ئىدىيە ۋە ھەرىكەتنى باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزىنىڭ روھىغا بىرلىككە كەلتۈرۈپ، يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەدبىر ـ ئورۇنلاشتۇرمىلىرىغا بىرلىككە كەلتۈرۈپ، ئۆگىنىش تەربىيەسىنىڭ ئومۇمىي تەلىپىنى چوڭقۇر ئۆزلەشتۈرۈپ، ئىگىلەپ، پۈتۈن شەھەردىكى ھەر دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرى ۋە كەڭ پارتىيە ئەزالىرى، كادىرلارنى پارتىيە تارىخىنى ئۆگىنىش، ئىدىيەنى ئۆزلەشتۈرۈش، ئەمەلىي ئىش قىلىش، يېڭى ۋەزىيەت يارىتىشقا پۇختا تۈرتكە بولۇشقا سەپەرۋەر قىلىپ، پارتىيەنىڭ 100 يىللىق ئۇلۇغ كۆرەش قىلىش مۇساپىسىدىن داۋاملىق ئالغا ئىلگىرىلەيدىغان ئەقىل ـ پاراسەت ۋە كۈچ قوبۇل قىلىپ، كۆتۈرەڭگۈ قىياپەتتە يېڭى دەۋردە تۆھپە يارىتىپ، جاسارەت بىلەن يېڭى مۇساپىگە ئاتلىنىپ، مەركىزىي شەھەرنىڭ مۇقىملىق، تەرەققىياتتىكى ئەلا نەتىجىلەر بىلەن پارتىيە قۇرۇلغانلىقىنىڭ 100 يىللىقىنى تەبرىكلەش كېرەك.

يىغىندا مۇنداق تەكىتلەندى: ھەقىقىي تۈردە پارتىيە تارىخىنى ئۆگىنىش تەربىيەسىنى تەجرىبىلەرنى يەكۈنلەش، رېئاللىقنى كۆزىتىش، خىزمەتلەرگە تۈرتكە بولۇش بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، ئۆگىنىش نەتىجە ـ ئۈنۈمىنى ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىپ قىيىنچىلىقلارنى يېڭىش، ئىش قىلىپ نەتىجە يارىتىش، يول ئېچىپ يېڭىلىق يارىتىشتىكى ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچكە ئايلاندۇرۇپ، يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىنى تولۇق، دەل جايىدا ئىزچىللاشتۇرۇپ، «ئۈچ چوڭ ئىش»نى ياخشى تۇتۇپ، «ئۈچ بىرتۇتاش پىلانلاش»نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، «ئالتە ئالاھىدىلىككە ئىگە مەركىزىي شەھەر» قۇرۇپ چىقىپ، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ زور سىياسەت ـ فاڭجېنلىرى ۋە يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرلىرىنىڭ ئۈرۈمچىدە ئەمەلىيلىشىپ يىلتىز تارتىشى، چېچەكلەپ مېۋە بېرىشىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك.

# ئەزالار «تاپشۇرۇق»نى ياخشى ئىشلەپ، ئېسىل «جاۋاب قەغىزى» تاپشۇرۇش

### —— مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ شىنجاڭدىكى ئەزالىرى تەكلىپ ـ تەۋسىيەلەرنى كۆڭۈل قويۇپ تەييارلىغانلىقى توغرىسىدا

□ ئانار بولۇت\شىنجاڭ گېزىتى مۇخبىرلىرى خې خۇڭۋېي، ۋاڭ يۈجاۋ

3 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى، مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ شىنجاڭدىكى ئەزاسى يۈ مېي كومپيۇتېر ئالدىدا ھەربىر سۆز ـ ئىبارە ئۈستىدە قايتا ـ قايتا باش قاتۇرۇپ، تەكلىپنى مۇكەممەللەشتۈرۈۋاتاتتى، ئۇزاقتىن بۇيان داۋالاش ـ سەھىيە كەسپىدە خىزمەت قىلىۋاتقان ئۇ بۇ يىل دىققەت نۇقتىسىنى پىسخىكا ساغلاملىقى ساھەسىگە قاراتتى.

«كىشىلەرنىڭ تۇرمۇش رىتىمىنىڭ كۆرۈنەرلىك تېزلىشىشىگە ئەگىشىپ، شەخسلەردىكى پىسخىكىلىق مەسىلىلەر ھەم ئۇ كەلتۈرۈپ چىقارغان جەمئىيەت مەسىلىلىرى كۈنسېرى گەۋدىلەندى، ھازىر بار بولغان پىسخىكا ساغلاملىقى مۇلازىمەت ئەھۋالى خەلق ئاممىسىنىڭ ئېھتىياجىنى پەقەتلا قاندۇرالمايدۇ.» ئەزا يۈ مېي پىسخىكا ساغلاملىقى بويىچە ئالدىنى ئېلىش، تاللاپ تەكشۈرۈش، ئارىلىشىش سىستېمىسىنى كۈچەيتىش، مۇكەممەللەشتۈرۈش توغرىسىدىكى تەكلىپنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، كۆپ جەھەتتىن تۇتۇش قىلىپ، جەمئىيەتنىڭ ھەرقايسى قاتلىمىدىكى كىشىلەر توپىغا قارىتا پىسخىكا ساغلاملىقى بويىچە ئالدىنى ئېلىش ۋە ئارىلىشىشنى كۈچەيتىشنى ئۈمىد قىلدى.

مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەش 13 ـ نۆۋەتلىك كومىتېتى 4 ـ يىغىنى ئېچىلىشتىن ئىلگىرى، مۇخبىر مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ شىنجاڭدىكى ئەزالىرىنىڭ يىغىن ئېچىلىشتىن ئىلگىرىكى ۋاقىتتىن پايدىلىنىپ تەكلىپ ـ تەۋسىيەلەرنى قايتا ـ قايتا مۇلاھىزە قىلىپ، مۇكەممەللەشتۈرۈپ، مەملىكەتلىك ئىككى يىغىن مەزگىلىدە تېخىمۇ ياخشى چارە ـ تەدبىر كۆرسىتىش، مەسئۇلىيىتىنى تولۇق ئادا قىلىش ئۈچۈن تولۇق تەييارلىق قىلىۋاتقانلىقىنى ئىگىلىدى.

مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ شىنجاڭدىكى ئەزاسى پەن شياۋيەن مۇنداق دېدى: «بولتۇر مېنىڭ تەكلىپىم ئالاقىدار تارماقلار ۋە ئورۇنلارنىڭ ئەھمىيەت بېرىشىگە ئېرىشتى، بۇنىڭدىن ناھايىتى ئىلھاملاندىم، چارە ـ تەدبىر كۆرسىتىش ئىشەنچىم ۋە ئىرادەم تېخىمۇ مۇستەھكەملەندى!»

بۇ يىل پەن شياۋيەن ئۆز خىزمىتىگە بىرلەشتۈرۈپ، قاراتمىلىقى ۋە مەشغۇلاتچانلىقى تېخىمۇ كۈچلۈك، سۈپىتى تېخىمۇ يۇقىرى بولغان تەكلىپ ـ تەۋسىيەدىن بەشنى ئوتتۇرىغا قويدى، بۇ، ياشلار، ئۆسمۈرلەرنىڭ يېڭىلىق يارىتىش تەپەككۇرىنى قوزغىتىش ۋە يېتىلدۈرۈش، سىياسىي قانۇنىنىڭ تارماق ھالقىغان سانلىق مەلۇماتلارنى توپلاش، ئۇنىڭدىن ئورتاق بەھرىلىنىشنى تېزلىتىش قاتارلىق جەھەتلەرگە چېتىلىدۇ.

ئەزالارنىڭ تەكلىپ ـ تەۋسىيەلىرىدە دىققەت شىنجاڭ خىزمىتى باش نىشانىغا مەركەزلەشتۈرۈلگەن بولۇپ، يېڭىلىق يارىتىش ئارقىلىق كەسىپلەرنى ئەلالاشتۇرۇشقا تۈرتكە بولۇش، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش نەتىجىلىرىنى مۇستەھكەملەش، كېڭەيتىش، جەمئىيەت ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش قاتارلىق قارالمىلارغا چېتىلىدۇ.

«مەن ھازىر تەكلىپكە ئاخىرقى قېتىم تۈزىتىش كىرگۈزۈۋاتىمەن ۋە ئۇنى مۇكەممەللەشتۈرۈۋاتىمەن.» ئۆزىنىڭ تەكلىپ ـ تەۋسىيەلىرىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش ئۈچۈن، مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ شىنجاڭدىكى ئەزاسى گۈلپەرى ئابدۇللا زور مىقداردىكى يېزىق خىزمىتى بىلەن شۇغۇللىنىپ، قايتا ـ قايتا مۇلاھىزە يۈرگۈزۈپ، ھەل قىلىش لايىھەسىنى ئۈزلۈكسىز مۇكەممەللەشتۈرۈپ، تەكلىپ ـ تەۋسىيەلەرنىڭ تېخىمۇ مەشغۇلاتچانلىققا ئىگە بولۇشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلدى.

كۆپ يىل مائارىپ خىزمىتى بىلەن شۇغۇللانغان ئالىي مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى بولۇش سۈپىتى بىلەن، گۈلپەرى ئابدۇللا ئىزچىل تەنتەربىيە مائارىپىغا كۆڭۈل بۆلۈپ كەلدى، بۇ يىل ئۇ دىققەت قىلغان مۇھىم نۇقتا «تەنتەربىيە بىلەن داۋالاشنى يۇغۇرۇش» بولدى.

ئەزا گۈلپەرى ئابدۇللا «تەنتەربىيە بىلەن داۋالاشنى يۇغۇرۇش» تەتقىقات سۈپىتىنى پائال كېڭەيتىپ، دۆلەت ئىچىدىكى ئالاقىدار ئاپپاراتلار بىلەن بولغان ئالاقىلىشىش ۋە ھەمكارلىقنى كۈچەيتىپ، داڭلىق ئالىملارنى لېكسىيە سۆزلەشكە ۋە پىكىر ئالماشتۇرۇشقا تەكلىپ قىلىپ، ھازىرقى شىنجاڭنىڭ «تەنتەربىيە بىلەن داۋالاشنى يۇغۇرۇش»نى تەرەققىي قىلدۇرۇشتىكى رېئال قىيىنچىلىقى ۋە تەرەققىيات يولىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئايدىڭلاشتۇرۇش تەكلىپىنى بەردى.

مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ شىنجاڭدىكى ئەزاسى يۈ جۇڭلىن دىققەت نەزەرىنى تۆمۈريول قۇرۇلۇشىنى تېز ئالغا سىلجىتىشقا قاراتتى. ئۇ مۇنداق دېدى: «مەن بۇ قېتىم ئىككى تەكلىپ تەييارلىدىم، بىرى، جۇڭگو ـ پاكىستان تۆمۈريولى قۇرۇلۇشىنى ئالغا سىلجىتىشنى تېزلىتىش، يەنە بىرى، جۇڭگو ـ قىرغىزىستان ـ ئۆزبېكىستان تۆمۈريولى قۇرۇلۇشىنى ئالغا سىلجىتىشنى تېزلىتىش، جۇڭگو ـ پاكىستان تۆمۈريولى ۋە جۇڭگو ـ قىرغىزىستان ـ ئۆزبېكىستان تۆمۈريولى قۇرۇلۇشىنى ئالغا سىلجىتىش دۆلىتىمىزنىڭ سىرتقا ئېچىۋېتىشنى كېڭەيتىشكە تېخىمۇ ياخشى شارائىت يارىتىپ بېرىدۇ».

«مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەش ئەزاسى بولۇش سۈپىتىم بىلەن، مەسىلىنى ئوتتۇرىغا قويۇپلا قالماي، تېخىمۇ مۇھىمى مەسىلىنى ھەل قىلىش لايىھە تەسەۋۋۇرىنىمۇ ئوتتۇرىغا قويىمەن. بىز خەلقنىڭ ئۈمىدىنى يەردە قويماي، ئەستايىدىللىق بىلەن مەسئۇلىيىتىمىزنى تولۇق ئادا قىلىپ، ئەزالار ‹تاپشۇرۇق›نى ياخشى ئىشلەپ، ئېسىل ‹جاۋاب قەغىزى› تاپشۇرىمىز» دېدى ئەزا يۈ جۇڭلىن.

(بېشى 1 ـ بەتتە)

يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى، پۈتۈن پارتىيە، پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، يېتەكلەپ، قەلب ۋە كۈچنى مۇجەسسەملەپ، قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ ئالغا ئىلگىرىلەپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش ۋە ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىنى بىرتۇتاش پىلانلاپ، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش ۋە تاشقى بېسىمغا تاقابىل تۇرۇشنى بىرتۇتاش پىلانلاپ، «ئالتىنى مۇقىملاشتۇرۇش» خىزمىتىنى ياخشى تۇتۇش ۋە «ئالتىگە كاپالەتلىك قىلىش» ۋەزىپىسىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى بىرتۇتاش پىلانلاپ، ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىشتا ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلىپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىشتا ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلدى. جاپالىق تىرىشچانلىق كۆرسىتىش ئارقىلىق، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەشتە مۇھىم، زور ئىستراتېگىيەلىك نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرۈپ، ئىقتىسادنىڭ ئېشىش نىسبىتىنىڭ مەنپىيدىن مۇسبەتكە ئۆزگىرىشىنى ئالدى بىلەن ئىشقا ئاشۇرۇپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىدە ئومۇميۈزلۈك غەلىبىنى قولغا كەلتۈرۈپ، «13 ـ بەش يىل»نى مۇۋەپپەقىيەتلىك تاماملاپ، «14 ـ بەش يىل»نى ئومۇميۈزلۈك پىلانلاپ، ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىشتا تارىخىي خاراكتېرلىك ئۇلۇغ مۇۋەپپەقىيەتلەرنى قولغا كەلتۈرۈپ، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىش مۇساپىسىدە يېڭى شانلىق نەتىجىلەرنى ياراتتى. بۇ، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ كۈچلۈك رەھبەرلىكىنىڭ نەتىجىسى، شۇنداقلا ھەرقايسى دېموكراتىك پارتىيە ـ گۇرۇھلار، سودا ـ سانائەتچىلەر بىرلەشمىسى ۋە پارتىيە ـ گۇرۇھسىز زاتلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقنىڭ ھەممە بىر نىيەتتە بولۇپ، قەيسەرلىك بىلەن ئېلىشقانلىقىنىڭ نەتىجىسى.

ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىپ، قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ، مەسئۇلىيەتنى زىممىگە ئېلىشنى نامايان قىلدى، ئىتتىپاقلىشىپ جاسارەت بىلەن ئىلگىرىلەپ، شانلىق سەھىپىلەرنى پۈتتى. خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى شى جىنپىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى يېتەكچى قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ سىياسىي كېڭەش خىزمىتىگە ئومۇميۈزلۈك رەھبەرلىك قىلىشىدا چىڭ تۇرۇپ، ئىتتىپاقلىق ۋە دېموكراتىيەدىن ئىبارەت ئىككى چوڭ باش تېمىدا چىڭ تۇرۇپ، چوڭ ۋەزىيەت، چوڭ يۈزلىنىشنى ئىگىلەپ، تەشەببۇسكارلىق بىلەن مەسئۇلىيەتنى زىممىگە ئېلىپ، مەسئۇلىيەتنى تولۇق ئادا قىلىپ، ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىشتا ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلىش، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىشتا ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلىشنى كۆزلەپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش ۋە ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىنى بىرتۇتاش پىلانلاپ، مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلىش شەكلىدە يېڭىلىق يارىتىپ، خىزمەتنىڭ ئۈنۈم ئىقتىدارىنى كۈچەيتىپ، ھاكىمىيەت ئىشلىرىنى مۇھاكىمە قىلىپ، چارە ـ تەدبىر كۆرسىتىشنىڭ پايدىسى بولۇش، ئورتاق تونۇشنى مۇجەسسەملەشنىڭ ئۈنۈمى بولۇشقا تۈرتكە بولۇپ، مەخسۇس كېڭەش ئاپپاراتى قۇرۇلۇشىدا يېڭى قىياپەتنى نامايان قىلدى، مەركىزىي ۋەزىپىگە مۇلازىمەت قىلىشتا يېڭى نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرۈپ، پارتىيە ۋە دۆلەت ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن مۇھىم تۆھپە قوشۇپ، خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشىنىڭ دۆلەت ئىدارە قىلىش سىستېمىسىدىكى مۇھىم رولىنى تولۇق نامايان قىلدى، «خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى خەلق ئۈچۈن» دېگەن مەسئۇلىيەتنى زىممىگە ئېلىشنى جانلىق نامايان قىلدى. بولۇپمۇ كىشىنىڭ ئېسىدىن چىقمايدىغىنى شۇكى، يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇش پەۋقۇلئاددە پەيتىدە، ھەرقايسى دېموكراتىك پارتىيە ـ گۇرۇھلار، سودا ـ سانائەتچىلەر بىرلەشمىسى ۋە پارتىيە ـ گۇرۇھسىز زاتلار قەتئىي تەۋرەنمەي جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى بىلەن بىللە ئويلاپ، بىللە تۇرۇپ، بىللە ئىشلەپ، جاپا ـ مۇشەققەتتە بىللە بولۇپ، ئۆزئارا ھەمدەمدە بولدى، كەڭ سىياسىي كېڭەش ئەزالىرى يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇش كۈرەشكە پائال ئاتلىنىپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش توسۇپ زەربە بېرىش جېڭىدە غەلىبە قىلىش ئۈچۈن ئامال ئىزدەپ، چارە ئويلاپ، يۇقۇمنىڭ پايدىسىز تەسىرىنى يېڭىش، پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ خىزمەت چوڭ ۋەزىيىتىگە مۇلازىمەت قىلىپ، ئەقىل ـ پاراستى ۋە كۈچىنى قوشتى.

كۆپنىڭ كۈچى كۆپ، ھەممە بىر نىيەتتە بولسا، تەيشەن تېغىنىمۇ يۆتكىگىلى بولىدۇ. 2021 ـ يىلى «14 ـ بەش يىل»لىق يىرىك پىلان يولغا قويۇلغان، ئومۇميۈزلۈك سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشقان دۆلەت قۇرۇش يېڭى مۇساپىسى باشلانغان تۇنجى يىل، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 100 يىللىقى. بۇ، دۆلىتىمىزنىڭ زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى مۇساپىسىدە ئالاھىدە مۇھىم بولغان بىر يىل. باشلىنىش پۈتۈن ۋەزىيەتكە مۇناسىۋەتلىك، قەدەم ئېلىش كېيىنكى ۋەزىيەتنى بەلگىلەيدۇ، ياخشى باشلىنىش ئومۇميۈزلۈك سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشقان دۆلەت قۇرۇشنىڭ يېڭى غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرۈشنىڭ ئاچقۇچى. بۇرچ قانچىكى مۇشكۈل بولغانسېرى، مەسئۇلىيەت قانچىكى ئېغىر، زور بولغانسېرى، قەلب ۋە كۈچنى شۇنچە كەڭ كۆلەمدە مۇجەسسەملەشكە توغرا كېلىدۇ. خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشىنىڭ خىزمىتىنى كۈچەيتىش ۋە ياخشىلاش توغرىسىدىكى مۇھىم ئىدىيەسىنى چوڭقۇر ئۆگىنىپ، ئىزچىللاشتۇرۇپ، غەيرەت ئۈستىگە غەيرەت قوشۇپ، ئىتتىپاقلىشىپ جاسارەت بىلەن ئىلگىرىلەپ، مەخسۇس كېڭەش ئاپپاراتى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، بىر نىيەت، بىر يۆنىلىشتە بولۇشتەك سىياسىي ئەۋزەللىكى، ئىختىساسلىقلار توپلاشقان ئەقلىي كۈچ ئەۋزەللىكى، باراۋەر كېڭەشىدىغان دېموكراتىك ئەۋزەللىكى، قەلب ۋە كۈچنى مۇجەسسەملەيدىغان ئىتتىپاقلىق ئەۋزەللىكى، مۇناسىۋەتلەرنى ماسلاشتۇرىدىغان فۇنكسىيە ئەۋزەللىكى، كەڭ ئالاقە قىلىدىغان ساھە ئەۋزەللىكىدىن تولۇق پايدىلىنىپ، ھاكىمىيەت ئىشلىرىنى مۇھاكىمە قىلىپ، چارە ـ تەدبىر كۆرسىتىش ۋە ئورتاق تونۇشنى مۇجەسسەملەپ قوش يۆنىلىشلىك كۈچەش خىزمەت سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈپ، خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى تۈزۈمىنىڭ ئەۋزەللىكىنى دۆلەت ئىدارە قىلىش ئۈنۈم ئىقتىدارىغا ئايلاندۇرۇپ، ھەرقايسى تەرەپلەرنىڭ ئەقىل ـ پاراستى ۋە كۈچىنى مۇجەسسەملەپ، دۆلەت ئىچى ـ سىرتىدىكى جۇڭخۇا ئوغۇل ـ قىزلىرىنىڭ بىر نىيەتتە ئويلاپ، بىر مەقسەتتە كۈچ چىقىرىدىغان قۇدرەتلىك بىرلىكمە كۈچىنى شەكىللەندۈرۈپ، بۈيۈك ئىتتىپاقلىق، بۈيۈك بىرلىشىش ۋەزىيىتىنى ئۈزلۈكسىز مۇستەھكەملەپ ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇپ، «14 ـ بەش يىل»دا ئىشنى ياخشى باشلاش، قەدەمنى ياخشى ئېلىش ئۈچۈن كۆپنىڭ ئەقىل ـ پاراستىنى توپلاپ، كۆپنىڭ كۈچىنى مۇجەسسەملەپ، پائال تۆھپە قوشۇشى كېرەك.

يېڭى ئۇلۇغۋار پىلاننىڭ ئىستىقبالى پارلاق، يېڭى مۇساپە كىشىنى جاسارەت بىلەن ئىلگىرىلەشكە ئۈندەيدۇ. «14 ـ بەش يىل» مەزگىلىدىكى تەرەققىيات ئۈچۈن چارە كۆرسىتىپ كۈچ چىقىرىش، يېڭى دەۋردە جۇڭگوچە سوتسىيالىزمدا چىڭ تۇرۇش ۋە ئۇنى راۋاجلاندۇرۇش ئۈچۈن قەلب ۋە كۈچنى مۇجەسسەملەشتە، خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشىنىڭ بۇرچى شەرەپلىك، مەسئۇلىيىتى ئېغىر، زور. ھەرقايسى سىياسىي كېڭەش ئەزالىرىنىڭ دۆلەت ئۈچۈن مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلىش، خەلق ئۈچۈن مەسئۇلىيىتىنى تولۇق ئادا قىلىشتا چىڭ تۇرۇش ھېسسىياتى بىلەن ئىشلارنى قەلبكە پۈكۈپ، مەسئۇلىيەتنى زىممىسىگە ئېلىپ، «14 ـ بەش يىل»دا ئىشنى ياخشى باشلاش، قەدەمنى ياخشى ئېلىش ئۈچۈن ھەقىقىي تەكلىپ بېرىپ، ياخشى تەدبىر، ئەمەلىي تەدبىر كۆرسىتىپ، ئومۇميۈزلۈك سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشقان دۆلەت قۇرۇشتا يېڭى غەلىبىنى قولغا كەلتۈرۈش، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشتىن ئىبارەت جۇڭگو ئارزۇسىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن يېڭى، تېخىمۇ زور تۆھپە قوشۇشىنى ئۈمىد قىلىمىز!

يىغىننىڭ تولۇق مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇشىغا تىلەكداشمىز!

**(شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 3 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى تېلېگراممىسى)**

(بېشى 1 ـ بەتتە)

3 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى چۈشتىن كېيىن، 13 ـ نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 4 ـ يىغىنىنىڭ ھەرقايسى ۋەكىللەر ئۈمەكلىرى يىغىن ئېچىپ، ئۈمەك باشلىقلىرى، مۇئاۋىن ئۈمەك باشلىقلىرىنى سايلاشقا كۆرسىتىدۇ؛ يىغىن ھەيئەت رىياسىتى ۋە باش كاتىپ ئىسىملىكى لايىھەسىنى قاراپ چىقىدۇ؛ يىغىن قارالمىسى لايىھەسىنى قاراپ چىقىدۇ. 3 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى كەچتە، 13 ـ نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 4 ـ يىغىنى تەييارلىق يىغىنى ئۆتكۈزۈپ، يىغىن ھەيئەت رىياسىتى ۋە باش كاتىپنى سايلايدۇ، يىغىن قارالمىسى لايىھەسىنى ئاۋازغا قويىدۇ. تەييارلىق يىغىنىدىن كېيىن، يىغىن ھەيئەت رىياسىتى 1 ـ قېتىملىق يىغىن ئۆتكۈزىدۇ. سائەت 21دىن 40 مىنۇت ئۆتكەندە، 13 ـ نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 4 ـ يىغىنى ئاخبارات ئېلان قىلىش يىغىنى ئۆتكۈزىدۇ، يىغىن باياناتچىسى يىغىن قارالمىسى ۋە خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىگە ئالاقىدار مەسىلىلەر توغرىسىدا جۇڭگو ۋە چەت ئەل مۇخبىرلىرىنىڭ سوئاللىرىغا جاۋاب بېرىدۇ. يۇقۇمنىڭ ئۈنۈملۈك ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش، ئاممىۋى سەھىيە ۋە ساغلاملىقنى ئورتاق قوغداش ئۈچۈن، ئاخبارات ئېلان قىلىش يىغىنى تور سىن شەكلى قوللىنىلىپ ئۆتكۈزۈلىدۇ. شۇ چاغدا مەركىزىي رادىيو ـ تېلېۋىزىيە باش ئىستانسىسى نەق مەيداندىن بىۋاستە تارقىتىدۇ، شىنخۇا تورى نەق مەيداندىن سۈرەت ۋە يېزىق شەكلىدە بىۋاستە تارقىتىدۇ.